ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سىزنىڭ ئورنىڭىز: باشبەت » تارىختىن تامچە » ياركەنت خانلىقى دەۋرىدىكى جەمئىيەت

# ياركەنت خانلىقى دەۋرىدىكى جەمئىيەت

يوللىغۇچى: ئاكادېمىيە   يوللانغان ۋاقتى: 2018- يىل 21- سېنتەبىر   ئورنى: تارىختىن تامچە

ULY gha aylandurup körüsh   USY gha aylandurup körüsh UEY gha aylandurup körüsh

ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق

ياركەنتخانلىقى بولسا چاغاتاي ئەۋلادى تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى خانلىقبولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، چاغاتايلار تارىخىدا يۈكسەكدەرىجىدە راۋاجلانغان بىر خانلىق ئىدى. بۇ چاغدا چاغاتاي ئەۋلادى ۋە ئۇنىڭتەركىبىدىكى دوغلات ھەم بىر بۆلۈك جوراس قاتارلىق بىر مۇنچە موغۇل قەبىلىلىرىتامامەن دېگۈدەك ئۇيغۇرلاشقان ۋە مۇسۇلمانلاشقان بولۇپ، ياركەنت خانلىقى دەۋرىدىكىجەمئىيەت دەل ئەنە شۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا راۋاجلانغان.ئەمما بۇ چاغدا دوغلات ۋە جوراس قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ياركەنت خانلىقىنىڭتەركىبى قىسمى ياكى ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى قازاق، قىرغىزلارغىمۇ ئاسسىملياتسىيەبولۇپ، بۇ قەبىلىلەرنىڭ جەمئىيىتى ئەنە شۇ سىڭىپ كىرگەن قەبىلىلەر جەمئىيىتىنىڭئاساسىدا راۋاجلانغان.

ياركەنتخانلىقى قۇرۇلۇشى بىلەنلا بىر قەدەر مۇكەممەل ھۆكۈمرانلىق گەۋدىسى تىكلەندى. ئەڭئالىي ھۆكۈمران يەنىلا بۇرۇنقىدەك خان دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنئوغلان (ياكى سۇلتان)، ئاتابەگ (باش ۋەزىر)، ۋەزىر، ئۆلىما، ئەمىربەگ، قاتارلىقلارتۇردى. ياركەنت خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاساسەن سۇيۇرغاللىق ۋە بەگلىك تۈزۈمىئاساسىغا ئورنىتىلدى. خانلار تەختكە چىقىش بىلەنلا ئۆزىگە قاراشلىق رايونلارنىئوغلانلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى ۋە سۇيۇرغال ئىگىلىرىنى سۇلتان دېگەن نام بىلەنئاتىدى. سۇلتانلىق ئورنى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدى. سۇلتانلار ئۆزىگە تەۋەسۇيۇرغاللىق زېمىنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى ئىدى. خانلارسۇلتانلارغا ياردەمچى قىلىپ، ئاتابەگ مىرزا ۋە ئىشىك ئاغا، ئەمىر قاتارلىقئەمەلدارلارنى بەلگىلەيتتى. سۇلتانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خانلارئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ئالاھىدە مەجبۇرىيەتلىرى بار ئىدى. ئۇلار بەلگىلەنگەنمۇددەتتە خانلارنىڭ ئالدىغا كۆرۈنۈشكە بېرىپ، «توققۇز تارتۇق قىلىشى»، بولۇپمۇيېڭى يىل ۋە ھېيت – بايراملارنى نۇرغۇن تارتۇق بىلەن كېلىپ، ھېيت – بايراملارنىخان بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشى لازىم ئىدى. قائىدە – يوسۇن بويىچە ئۇلارنىڭ بىر يىلداكەم دېگەندە ئۈچ قېتىم تارتۇق ئەۋەتىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇشتاچۈشكەن قىممەت باھا ئولجىلار، چەت مەملىكەت ئەلچىلىرىنىڭ سوۋغا – سالاملىرى قەتئىيتۇردە خانغا تاپشۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك سۇلتانلار سىياسىي جەھەتتىن دۆلەت ۋە خاننىڭئومۇمىي قانۇنلىرى ۋە ئەمىر – پەرمانلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى لازىم ئىدى. بۇچاغدا، ياركەنت خانلىقىنىڭ دۆلەت قانۇنى ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇيرۇققانۇنى، چىڭگىزخان تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «جاساق قانۇنى» ۋە ئىسلام دىنىنىڭ «شەرىئەتقانۇنى» قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر سۇلتان ۋە باشقائەمەلدارلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ھوقۇقنى تارتىۋېلىش، سۈرگۈن قىلىش، دۆلەتتىنقوغلاپ چىقىرىش، مال – مۈلكنى ۋە ۋە يانچىلىرىنى (كرېپوستنويلىرىنى) مۇسادىرەقىلىش قاتارلىق جازالار قوللىنىلاتتى. ئەگەر پۇقرالار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا،ئاساسلىق شەرىئەت قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتتى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكېرەككى، ياركەنت خانلىقى دەۋرىدە، بۇرۇنقى دوغلات قەبىلىلىرىنىڭ توققۇز گۇناھقانۇنى تامامەن بىكار قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىنغانىدى.

ياركەنتخانلىقى دەۋرىدە، قەدىمكى كۆكتۈرۈك خاقانلىقى (مىلادى 255-659-يىللار)، قۇتلۇقتۇرك خانلىقى (مىلادى 579-744- يىللار) ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغاكەلگەن بەگلىك تۈزۈمى مۇسەلسەز راۋاجلانغان، مۇكەممەللەشكەن ۋە ھۆكۈمرانلىقتۈزۈمىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگىچە كېڭەيتىلگەنىدى. بولۇپمۇ ئابدۇللاخان دەۋرىدە، بۇتۈزۈم كەڭ يولغا قويۇلغان ۋە سۇلتانلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى خېلى دەرىجىدەتارايتىلغانىدى. ياركەنت خانلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە ئائىتماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سۇلتانلارنىڭ قول ئاستىدا (ئابدۇللاخان دەۋرىدىنكېيىن سۇلتانلارنىڭ ئورنىدا) ئالاھىدە ھاكىم بەگلەر تەيىنلەنگەنىدى. ھاكىم بەگلەرىيەنە «تۈمەنبېگى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى زېمىنلار«ھاكىمى ۋىلايەت» ياكى «ۋىلايەت» دەپ ئاتالغانىدى. ھاكىم بەگلەر ئەڭ دەسلەپ سىسقىلىنغان زېمىنلار ئاساسەن قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، باي، سايرام، كۇچا، بۈگۈر،قارا شەھەر، خوتەن، تاشبالىق (تاشمىلىق)، سېرىقول قاتارلىق جايلار ئىدى.

چەئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە قاتناش مەسىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، يېڭىسار، بارچۇق،پەيزىۋات، قارغىلىق، ئاتۇش، بەشكىرەم، ئارغۇ، ئوپال ھەم ياركەنتكە قاراشلىق

توققۇزكەنت، چىپان، قوشراپ، سانجۇ، يورۇڭقاش، قاراقاش، چىرىيە، كىرىيە قاتارلىقجايلاردىمۇ ھاكىم بەگلەر تۇرغۇزۇلغان. ھاكىم بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا يەنە ھەربىررايوننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى – بەگلەر تۇراتتى.

بۇچاغدا ھاكىم بەگ ۋە بەگلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ناھايىتى ئېنىقكە ئايرىلغان بولۇپ،ھاكىمى ۋىلايەتلەردە ھاكىم بەگلەرنىڭ بىۋاستە ياردەمچىسى سۈپىتىدە يەنە ئاتابەگ،ئىشىك ئاغا بەگ، مىرزا بەگ، دۇگان بەگ، دەستۇرخان بەگ ۋە دورغابەگلەر تەسسىسقىلىنغان، بۇلاردىن باشقا يەنە ھەر قايسى ساھەلەرنى باشقۇرىدىغان شاڭ بەگ (سودابىگى)، قازى بەگ (شەرئەت قانۇنلىرى بېگى)، ناقىپ بەگ (مەمۇرىي ۋە قانۇنىيئىشلارنىڭ باش نازارەتچىسى)، مۇتىسىپ بەگ (دىنىي مۇراسىملار بېگى)، كوتۋال بەگ(شەھەر ئامانلىقى بېگى)، باجگەر بەگ (باج ئىشلىرى بېگى)، مىراب بەگ (سۇ ئىشلىرىبېگى)، پاششاپ بەگ (قانۇنىي ئىشلارنى ئىجرا قىلغۇچى بەگ)، خەزىنىچى بەگ (خەزىنەئىشلىرى بېگى)، جەبە بەگ (قورال – ياراق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، ئىشقالا بەگ(قاتناش، ئۆتەڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، ھارۋا بەگ (تاشقى سودا بېگى)، باغماتارى بەگ (باغ ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، بازار بەگ (بازارئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، مىس بەگ (كان ئىشلىرى بېگى)، ماناپ بەگ (ماناپ بېيقىرغىزلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، تۆرە بەگ ئاقالاقچى بەگ (قازاقلارنىڭئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، جاساق بەگ (غەيرىي مۇسۇلمان موڭغۇللىرىنىباشقۇرىدىغان بەگ)، تارخان بەگ (تۆرپان ۋە قۇمۇل رايونلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)،دوپ بەگ، (توپ بەگ 2-5 مىڭ ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، مىڭ بەگ (مىڭ ئائىلىنىباشقۇرىدىغان بەگ)، يۈز بەگ (100-200 ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، ئورچىن بەگ(10-50 ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، ئون بەگ (10 ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بەگ)قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بېكىتىلگەن ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە باشقادۆلەتلەرگە ئەۋەتىلگەن ياكى چەت دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەلچى بەگ (ساپارەتبەگ) نايىپ بەگ (خاننىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە چەت دۆلەت ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپبارىدىغان بەگ) ۋە تەرجىمانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تىلماچ بەگ قاتارلىقئەمەلدارلارمۇ تەسىس قىلىنغان. ياركەنت خانلىقنىڭ ھامىيلىقىدىكى قازاقخانلىقىدا، شۇنداقلا بەدەخشان ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلاردا، يەنىلا ئۇلارنىڭئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى – سۇلتانلىق تۈزۈمى ساقلاپ قېلىندى.

ياركەنتخانلىقنىڭ بەگلىك تۈزۈمى ئەينى زاماندا ناھايىتى ئەۋج ئالغان يانچىلىق تۈزۈمىنىڭئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. خانلىق ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە 400 ئائىلىدىن 2 ئائىلىگىچەيانچى ۋە 200 پاتماندىن 30 پاتمانغىچە ئۆرۈق كېتىدىغان تېرىلغۇ يەر تەقسىم قىلىپبەردى. دۆلەت بۇ خىل تۈزۈمنى قانۇن ئارقىلىق قوغدايتتى. يانچىلار سىياسىي،ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەگلەرگە تامامەن بېقىندى بولۇپ، مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن توققۇزئۈلۈشىنى بەگلەرگە تاپشۇراتتى. بەگلەر بولسا، يانچىلارنى پەقەت ئۇرۇق ۋەئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. ئەگەر مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىسا،ئاشقان قىسمىنىڭ ئوندىن ئۈچ ئۈلۈشى يانچىلارغا قالاتتى. يانچىلارنىڭ قېچىپكېتىشىگە، باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىششىغا، باشقا بەگلەرگە ئالمشىپيانچىلىق قىلىشىغا، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يەرنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە،ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويمايتتى. يانچىلار بۇنىڭدىنباشقا يەنە بەگلەرنىڭ ھاشار – ھەيسى، يول، كۆۋرۈكلەرنى ياساش، ئۆي – ئىمارەتلەرنىسېلىش قاتارلىق بىر مۇنچە ھەقسىز ئەمگەكلىرىنى ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

يانچىلارنىڭئەمگەك مەھسۇلاتلىرى بولسا بەگلەرنىڭ بارلىق تۇرمۇش كىرىمنىڭ ئاساسىي مەنبەسىئىدى. خانلىق ئۇلارغا ئالاھىدە ئىش ھەققى بەرمەيتتى. بەگلەرمۇ خۇددى سۇلتانلارغائوخشاشلا بەلگىلەنگەن مۇددەتتە، بولۇپمۇ ھېيت – ئايەملەردە خان ۋە سۇلتانلارغائالاھىدە «توققۇز تارتۇق» قىلىشى، خان ۋە سۇلتانلارنى بىر يىلدا كەم دېگەندىمۇ ئۈچقېتىم مېھمان قىلىشى، ئۇلارنىڭ «مۇبارەك قەدەملى»گە ئاتاپ يەنە بىرمۇنچەتاۋار-دۇردۇن ۋە چارۋا سوۋغا – سالام قىلىشى شۇنىڭدەك خان ۋە سۇلتانلارغابەلگىلەنگەن مىقداردا باج – خىراجلارنى تۆلىشى، ئۇرۇش بولغان چاغلاردا ئۆزتەۋەلىكدىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇرۇشقا قاتنىششى، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ ئەمر – پەرمانلىرىنىقەتئىي قوغداپ ئىجرا قىلىشى شەرت ئىدى. ئەگەر بەگلەر ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلسا،توپىلاڭ قوزغىسا ياكى باشقا گۇناھ، جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزسە، گۇناھىنىڭ دەرىجىسىگەقاراپ، ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش، يانچى ۋە بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىننى كېمەيتىش ياكىتامامەن مۇسادىرە قىلىش، زىندانغا تاشلاش، سۈرگۈن قىلىش، قاتارلىق جازالارغابېرىلەتتى.

ياركەنتخانلىقى دەۋرىدە، تەسەۋۋۇفچىلار ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئابرويغا ئىگە بولۇپ،ئۇلار ئومۇميۈزلۈك «ئۆلىمالار» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانىدى. ئۆلىمالار بىر قانچەيۈز، ھەتتا بىرقانچە مىڭ مۇرىتقا ئىگە بولۇپ، تەسەۋۋۇفچىلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچەمۇرىتلار ئۇلارنىڭ «ئالقىنىدىكى بىر ئۆلۈك موردا» ئىدى. مۇرىتلارنىڭ بارلىق مال –مۈلكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ جان بىلەن تېنىمۇ ئىشانلارغا تەۋە ئىدى. شۇڭلاشقا،مۇرىتلارنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىمۇ ئەنە شۇلارغا مەنسۇپ ئىدى. خۇددى يۇقىرىدا بىرقانچە جايدا بايان قىلىنغاندەك، قەشقەرگە قاراشلىق دولان، بەشكېرەم، قارا ساقال،ياغدۇ قاتارلىق جايلار پەقەت خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ۋە ئاپاق خوجا ئاتا – باللىنىڭبەخشەندە يېرى بولۇپ، بۇ جايدىكى مۇرىتلارلا ئەمەس، بەلكى باشقا دېھقانلارمۇ ئەنەشۇلار ئۈچۈن تامامەن دېگۈدەك ھەقسىز تېرىقچىلىق قىلاتتى ۋە باشقا ھەقسىزئەمگەكلەرنى ئىشلەيتتى. بۇ ھال ياركەنت خانلىقىدا خېلى كۆچەيگەن يانچىلىقتۈزۈمنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى ئىدى. ياركەنت خانلىقىدا تەسەۋۋۇفچىلىق كۈچەيگەنسىرى،يانچىلىق تۈزۈمىمۇ راۋاجلىنىۋەردى. بولۇپمۇ ياركەنت خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، «ئىشقىيە»ۋە «ئىسھاقىيە» گۇرۇھلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خىل تۈزۈم تېخىمۇكۈچەيدى.

ياركەنتخانلىقىدا يانچىلارنىڭ قۇللاردىن پەرقى ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز ساندا تېرىلغۇيەرلىرى، ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئۆي – بىساتلىرى بار ئىدى. بەزىيانچىلارنىڭ بولسا بەگلەرگە تەۋە يانچىلىق زېمىنلىرى ياكى ئۆزىگە تەۋە تېرىلغۇيەرلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئانچە – مۇنچە مەرئالىرى (ئۆزلەشتۈرگەن بوز يەرلىرى) ۋەھويلىسىدا كىچىك بېغى بار ئىدى. لېكىن، بۇ خىل يەرلەرنىڭ كۆلىمى بىر پاتمان ئۇرۇقكېتىدىغان زېمىندىن (4-5 مو ئەتراپىدا) ئالماسلىقى ۋە بۇ يەرلەرنى بەگلەرگە مەلۇمقىلىپ، رويخەتكە ئالدۇرۇشى لازىم ئىدى. ئەگەر مەرئا يەرلەرگە بەگلەرنىڭ ھېسابىداتېرىقچىلىق قىلدىغان بولسا، خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك مەھسۇلاتنىڭ ئوندىنئۈچ ئۈلۈشى يانچىلاردا قالاتتى.

ياركەنتخانلىقىدا يانچىلاردىن باشقا يەنە «ئورتاقچىلار» دەپ ئاتالغان ئالاھىدە بىرئەمگەكچىلەر تەبىقىسى بار ئىدى. بۇلار ئاساسەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن يانچىلاردەكبەگلەرگە باغلانمىغان ۋە ئاز تېرىلغۇ يەرگە ئىگە ياكى تېرىلغۇ يېرىدىن ئايرىلغاندېھقانلار ئىدى. ئورتاقچىلار ئۆز ئىچىدە يەنە «پۈتۈن ئورتاقچى» ۋە «بىكارئورتاقچى» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. پۈتۈن ئورتاقچىلىق تۈزۈمىدە تېرىلغۇ يەرۋە ئۇرۇقتا بەگلەر مەسئۇل ئىدى. بۇنداق ھالەتتە ئورتاقچىلارغا يەردىن چىققانھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر ئۈلۈشلا تەقسىم قىلىناتتى. ئومۇمەن ئورتاقچىلىق تۈزۈمى بەگلەربىلەن ئورتاقچىلارنىڭ ئالاھىدە توختاملىرىغا باغلىق بولۇپ، بۇ توختامغا بەگ بىلەئورتاقچى، شۇنداقلا قازى ۋە ئونبېشى ياكى يۈزبېشى ھەم گۇۋاھچىلارنىڭ ئىمزا ۋەمۆھۈرلىرى بېسىلىشى شەرت ئىدى. ياركەنت خانلىقىدا بىكار ئورتاقچىلار ھامانىيانچىلارنىڭ بىر كېلىش مەنبەسى ئىدى.

ياركەنتخانلىقىدا چوڭ – كىچىك بەگلەرنىڭ «قۇل»، «غالچا» ياكى «دېدەك» (ئايال قۇل) دېگەنئالاھىدە بىر خىل ئىشلەمچىلىرى بار ئىدى. بۇلار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە جىسمانىيجەھەتتىن تامامەن دېگۈدەك بەگلەرگە باغلانغان بولۇپ، بەگلەرنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنىقىلاتتى. چارۋا ماللىرىنى باقاتتى. بەگلەر ئۇلارغا كىيىم – كېچەك، ئاش – تاماقتىنباشقا ھېچقانداق ھەق بەرمەيتتى. خالىسا ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرەتتى ياكىسېتىۋېتەتتى. بولۇپمۇ بەگلەر قىزلىرىنى ياتلىق قىلغان چاغدا، دېدەكلەرنى بىللەقوشۇپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇلار بىر بەگنىڭ قولىدىن يەنە بىر بەگنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇراتتى. ئۆمۈر بويى جىسمانىي ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ قۇللۇقئورنى ئاتىدىن بالىغىمۇ مىراس قالاتتى. بەگلەر ئۇلارنىڭ ھەر خىل قارشىلىقلىرىنىباستۇرۇش ئۈچۈن بەزىلىرىگە مۆھۈر – تامغىلارنىمۇبېسىپ قويايتتى. بۇلار ئەينى زاماندا «ساغرىسى تامغىلىق قۇللار» دېگەن نام بىلەنئاتالغانىدى. لېكىن، پۈتۈن ياركەنت خانلىقى دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ پۈتۈنئەھۋالىدىن قارىغاندا، قۇل، غالچا، ۋە دېدەكلەر ئالاھىدە بىر نىسبەتنىئىگىلىيەلمەيتتى.

يەكەنخانلىقى ئەنە شۇنداق بىر قاتار ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈنزور مىقداردىكى قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىللىگەنىدى. بۇ قوراللىق كۈچلەر ئاساسەن«قوشۇن» ياكى «چېرىك» (ئۇرۇشچى قوشۇنلار) ۋە «ياساۋۇل» (ئامانلىقنى ساقلاشقوغۇنلىرى) دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلاتتى. جەڭدىي ئۇرۇشلار ياكى باشقا رايونلارغاقىلىنغان ھەربىي يۈرۈشلەرگە ياساۋۇللارمۇ قاتنىشاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاساسىيۋەزىپىسى يەنىلا خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمى، بويسۇندۇرۇلغان رايونلار ۋە رلەرنىڭئامانلىقىنى ساقلاش ئىدى. قوشۇنلارنىڭ ئالىي باش قوماندانى خاننىڭ ئۆزى،سۈيۇرغاللىق زېمىنلاردا بولسا سۇلتانلار ئىدى. ھاكىمى ۋىلايەتلەردە بەگلەردىن باشقا يەنە ئەمىر ياكى چېرىكبېشى تۇرغۇزۇلغانىدى. ھېرىكبېشىنىڭ يېنىدايەنە ئالاھىدە تۇغ بېگى بار ئىدى.

ياركەنتخانلىقنىڭ ئۇرۇشچى قوغۇنلىرى جۇڭغار (سول قانات) ۋە بۇرانغار (ئوڭ قانات) دەپ زورئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. بۇ ئەسلىدە چىڭگىزخان ۋە چاغاتاي خانلىقى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دەۋردە پەيدابولغان بىر ھەربىي تۈزۈم ئىدى. بۇ قوشۇنلارنىڭ ئىچدە «مەھرەم» (خاننى قوغدىغۇچىقوشۇن). «قۇرچى» ياكى «قۇرۇقچى» (ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنى)لارنىڭ ئورنى ناھايىتىيۇقىرى بولۇپ، بۇ ئاساسەن ئىشەنچلىك بەگلەر ۋە باشقا ئىسىلزادىلەرنىڭپەرزەنتلىرىدىن تەشكىللەنگەنىدى. بۇلارنى مەرگەنلىك، قىلىچۋازلىق ۋە جانبازلىقتائالاھىدە تەربىيلەيتتى. ئۇلار ئۇچىسغا كۆپىنچە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تۆمۈردىنزەنجىرسىمان قىلىپ ئىشلەنگەن ساۋۇت، بېشىغا دۇۋۇلغا كىيەتتى. ھەيۋەتلىكقالقانلارنى ئىشلىتەتتى.

باشقاقوشۇنلار بولسا «زەربەدار» (پىيادە قوشۇن)، «سەرباز» (ئاتلىق قوشۇن) ۋە «يىگىت»دەپ ئۈچ قىسمغا بۆلۈنەتتى. «يىگىت»لەر ئاساسەن مۇنتىزىم قوشۇنلارنىڭ ياردەمچىسىبولۇپ، كۆپىنچە ئۇرۇش بولغان چاغلاردا ھاكىمى ۋىلايەتلەردىن تولۇقلانغان ۋەئۇرۇشتىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوشۇنلار ئىدى. زەربەدار ۋەسەربازلار ئۆز ئىچدە، يەنە بىۋاستە «تۇغ بېگى» قوماندانلىقى ئاستىدىكى «تۇغچى»(تۇغ – ئەلەم كۆتۈرگۈچى قوشۇن)، «باسچى» (ناغرا – سۇنايچى قوغۇن) ھەم «چېرىكبېشى»قوماندانلىقىدىكى باكاۋۇل» (ھەربىي تەمىنات قوشۇنى)، «چاپاۋۇل» (خەۋەرچى قوشۇن)،«ھىراۋۇل» ياكى «تىلچى» (دۈشمەننى چارلىغۇچى رازۋېتكا قوشۇن)، «كەپتاۋۇل» (ھۇجۇمچىقوشۇن)، «پىلتىرچى» ياكى «توپچى» (توپ – زەمبىرەكچى قوشۇن)، «ئوقچى» (ئوقياچىقوشۇن) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنەتتى. بۇ خىل خېلى مۇكەممەل ھەربىي تۈزۈم، ئاساسەنسۇلتان ئابدۇرېشتخان دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئابدۇكېرىم خان ۋەئابدۇللاخان دەۋردە مۇكەممەللەشكەنىدى.

ئومۇمەن،ياركەنت خانلىقنىڭ يۇقىرىقىدەك ھەربىي، مەمۇريي ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى گەرچەياركەنت خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن، ياركەنت خانلىقى فېئوداليانچىلىق تۈزۈمىنى قوغداپ راۋاجلاندۇغان، بىر قاتار مىسۇتەبىت سىياسەتلەرنىيۈرگۈزۈپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرگە چەكسىز زۇلۇم ۋە بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن بولسمۇ،لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ياركەنت خانلىقى دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ تېز راۋاجلىنىشىئۇچۇنمۇ مۇئەييەن تۈرتكىلىك رولىنى ئويىنىدى. بولۇپمۇ ئابدۇرېشتخان، ئەخمەت خان ۋەئابدۇللاخان دەۋرلىردە جەمئىيەت خېلى راۋاجلاندى. يېزا ئىگىلىك، قولھۈنەرۋەنچىلىك، كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيدى. ئىشلەپچىقىرىشتېخنىكىسى ئۆستى، ئىجتىمائىي مەھسۇلات بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپەيدى.

تارىخىيمەلۇمارتلارغا قارىغاندا، ياركەنت خانلىقى قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئاھالە كۆچۈرۈپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسىتىنى قوللاندى. جۈملىدىن قىزىلسۇ (قەشقەر) دەرياسى، ياركەنتدەرياسى ۋە ئۇنىڭ غول تارمىقى بولغان تىزناپ دەرياسى، قارا قاش دەرياسى، يورۇڭقاشدەرياسى، نىيە دەرياسى، كىرىيە دەرياسى، ئەندىرە دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، تارىمدەرىيالىرىنىڭ بويلىرىدا بىر مۇنچە يېڭى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرى ۋە ئاھالىپونكىتلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەندىرە دەريا ۋادىسىدىكى ئەندىرەلەنگەر، كىرىيە دەرياۋادىسىدىكى ئويتوغراق، لايسۇ، قارا قاش دەريا ۋادىسىدىكى لاڭرۇ، ياۋا، زاۋا،ياركەنت، دەريا ۋادىسىدىكى ھەسەلباغ، يېڭى ئاۋات (ھازىرقى ئاستىن ئاۋات)، ھازىرقىمارالبېشىنىڭ يېنىدىكى ئاقتام، شۇنداقلا ئاۋات، ئۈچ (ئۈچتۇرپان)، شايار، كۇچائەتراپىدىكى بىرمۇنچە يېزا – كەنتلەر دەل ئەنە شۇ چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن يېڭىتېرىلغۇ يەر ۋە ئاھالە پونكىتلىرى ئىدى. بۇ چاغدا بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، گۈرۈچقاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىش ناھايىتى كېڭەيگەنىدى. بولۇپمۇ دەرياۋادىلىرىدا كەڭ كۆلەملىك شال ئېتىزلىرى كۆپەيدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كېۋەز، قىچى،زىغىر، كۈنجۈت، قىزىلچا قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرمۇ كۆپ تېرىلاتتى.باغۋەنچىلىك ناھايىتى جانلانغانىدى. بۇ چاغدا سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش ئىشلىرىمۇخېلى راۋاجلانغان بولۇپ، قەشقەر، تۇرپان ۋە كۇچا ئەتراپىدا بىرمۇنچە يېڭى كارىزلارمەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ 60 كىلومېتىر جەنۇبىدا «خان ئېرىق» نامىلىق بىرچوڭ ئۆستەڭ قېزىلدى. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ چوڭ ئۆستەڭ ياركەنت خانلىقمۇھەممەت خان دەۋردە قېزىلغان ئىكەن.

ياركەنتخانلىقى دەۋردە، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. قول سانائەتئىشلەپچىقىرىشى، بىر تەرەپتىن، كارخانىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن (ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىن) نەپىسلىككە ۋە يۇقىرى سەۋىيىگە قاراپيۈزلەندى. بۇ چاغدا بافندىچىلىك (توقۇمۇچىلىق)، چىغىرىقچىلىق، چۆپ تاراشلىق(ياغاچچىلىق)، خەرراتلىق (ياغاچ سايمانلىرىنى ياساش)، دىلگەرچىلىك (تاشئويمىچىلىق) ئەھەنگەرلىك (تۆمۈرچىلىك)، مىسكەنچىلىك (مىسكەرچىلىك)، زەرگەرچىلىك(ئالتۇن، كۈمۈش بۇيۇملىرىنى ياساش) قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭخېلى كۆلەمدىكى كارخانىلىرى مەيدانغا كەلدى. شۇنداقلا پوست دوزچىلىق(سەيپۇڭچىلىق)، رەڭرىزلىك (بوياقچىلىق)، رەۋشەنگەرلىك (چىراغچىلىق)، روغەنگەرلىك(جوگازچىلىق)، ساچ تاراشلىق (ساتىراشلىق)، سابۇنگەرچىلىك (سوپۇنچىلىق)، قاچاچىلىق(ھېجىرچىلىق)، قازانچىلىق، موزدۇزلۇق، تامچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكئىشلەپچىقىرىشى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە راۋاجلاندى.

شۇنكۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، توقۇمۇچىلىق جەھەتتە يىپەك ۋە مەشۇتتىن ھەرخىل رەڭلىكرەختلەرنى، يۇڭدىن خىلمۇخىل ئېسىل گىلەم – زىلچىلارنى توقۇيدىغان، ياغاچچىلىقجەھەتتە پەقەت ئۆي جاھازىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالىرىنىلا ئىشلەپ قالماستىن،بەلكى ياغاچ پارچىلىرىدىن ئايەت ۋە قوشاقلارنى پەنجىرە شەكلدە ئىشلەيدىغان يۇقىرسەۋىيلىك ھۈنەرۋەنچىلىك پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئابدۇرېشتخاننىڭ پىرى خوجامۇھەممەت شېرىپ پىر گۈمبىزىنىڭ دەرۋازىسىغا پەنجىرە شەكلدە ياغاچ پارچىلىرىنى بىر– بىرىگە چېتىپ ئىشلەنگەن ئايەت نۇسخىسى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانماقتا. شۇنداقلابۇ چاغدا يەنە كاھشچىلىق ئىشلەپچىقىرىشمۇ ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، ھەر خىلسىرلىق كاھشلارنى ئىشلەپلا قالماي، بەلكى كاھشنىڭ ئۈستىگە قۇرئان ئايەتلىرى،شېئىر، قوشاقلىرى، نەسەبنامىلار ئويۇپ ياسالغانىدى. بۇ خىل يۇقىرى سەۋىيىلىك سەنئەتنۇسخىلىرى ياركەنت خانلىقى دەۋردە ياسالغان گۈمبەز، قەبرىستانلىق، مازارى –ماشايىخلاردا تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانماقتا.

بۇچاغدا يەنە مىلتىق ئەندازچىلىقمۇ (قورال – ياراغ ئىشلەشمۇ) ئالاھىدەراۋاجلانغانىدى. ئۇلار چويۇن ۋە تۆمۈردىن ھەر خىل توپ، قىلىچ، خەنجەر، نەيزە،ئوقيا، قالقان، دوۋۇلقا، پىلپىلارنى ئىشلەيتتى. ياركەنت خانلىقىدا مۇھىم ئۇرۇشقورالى بولغان ئايپالتا ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭشىمالىدىكى ئويراتلار ئىچدە ھەم تىبەت، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا سېتىلاتتى.ئۇلارنىڭ خەنجەرلىرى ئىككى بىسلىق بولۇپ، ناھايىتى سۈپەتلىك پولاتتىن ياسىلاتتى.

ئومۇمەن،ياركانەت خانلىقنىڭ قول – سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، خانلىقنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنىقامداشنى مەقسەت قىلىپلا قالماي، بەلكى باشقا خانلىقلار بىلەن بولغان تاشقىسودىنىمۇ مەقسەت قىلاتتى. بۇ چاغدا قەشقەر، ياركەنت، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان ۋە قۇمۇلقاتارلىق شەھەرلەر ياركەنت خانلىقنىڭ ئاساسلىق سودا مەركەزلىرى ئىدى. مىلادى 17-ئەسىرنىڭ دەسلەپكە يىللىرىدا ياركەنت خانلىقىغا ساياھەتكە كەلگەن پورتۇگالىيىلىكبېنېدىك گوس، ياركەنت ۋە قەشقەر شەھەرلىردە كابۇل، كەشمىر، ھىندىستاندىن كەلگەنسودىگەرلەرنىڭ توپ – توپ بولۇپ سودا قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن. خانلارمۇ ئۆز ئالدىغائالاھىدە كارۋانلارنى تەشكىللەپ، بۇ جايلاردا سودا قىلاتتى.

مەنبەسى: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1999- يىلى 2- قېتىم بېسىلىشى)

ئەسكەرتىش: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تور بېتىدىكى يازمىلار ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز-قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تور بېتىمىزدىكى يازمىلارنى مەنبەسىنى ئەسكەرتكەن ھالدا كۆچۈرۈپ كەڭ تارقىتىشقا بولىدۇ.

دوستانە ئۇلانمىلار – 2
ئالتۇن ئوق تورى
ۋەتىنىم مۇنبىرى
ئەلكۈن تورى

دوستانە ئۇلانمىلار – 1
ئامېرىكا ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
ياۋروپا ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
ئاۋسترالىيە ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

ئاكادېمىيەنىڭ بۇرچى ۋە نىشانى
ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى - ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي روھىنى ئويغۇتۇش ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداش بىلەن بىرلىكتە، قۇتادغۇ بىلىگ ئېنىستىتوتى قۇرۇش ئۈنى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
ئاكادېمىيە ھەققىدە
ئاكادېمىيە ئەزالىقى
تور كۈتۈپخانىسى
تەۋپىق ئوقۇش مۇكاپاتى